# شى جىنپىڭ مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دا، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىغا كەلگەندە، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار ۋەكىللەرنىڭ ئارىسىغا كىلىپ، كۆپچىلىك بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئارىلاپ پاراڭلاشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز مائارىپىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، قېتىرقىنىپ ئادەم تەربىيەلەپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى. كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەپ، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، ئەخلاق ئارقىلىق تەربىيە بېرىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش سۈپىتىنى تەڭ ئۆستۈرۈپ، ھۆرمەت قىلىپ كەڭ قورساق بولۇپ، قاتتىق بولۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق رازى بولىدىغان «تۆتكە ئىگە» ياخشى ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا 718 نەپەر «مەملىكەت بويىچە نەمۇنىلىك ئوقۇتقۇچى»، 79 نەپەر «مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى»، 597 «مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» ھەمدە 1432 نەپەر «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، 158 نەپەر «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى» تەقدىرلەندى، 1355 تۈرگە «دۆلەت دەرىجىلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتى» بېرىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مائارىپ مىنىستىرلىقى قاتارلىقلار يەنە ئون نەپەر «مەملىكەت بويىچە ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش نەمۇنىچىسى»نى سايلاپ چىقتى.

مەملىكەت بويىچە نەمۇنىلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجى شەھىرى چىڭخېۋەن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ مېڭۋېي، مەملىكەت بويىچە ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىكى نەمۇنىچىلار ۋەكىلى، گۇاڭشى بېيخەي شەھىرى ۋېيجوۋداۋ يەسلىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى فەن خۇيلى، مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى، سۇجۇ قۇرۇلۇش ـ قاتناش ئالىي كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى خاۋ يۇنلياڭ، دۆلەت دەرىجىلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىلى، سىچۈەن داشۆسىنىڭ پروفېسسورى شيې خېپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىغىندا سۆز قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، چېن شى، يوۋ چۈەن، سەي داقىڭ، شيا باۋلۇڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايون 35 ـ قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ھەم مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو كۆرۈشۈشتە مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارغا رىشتە باغلىدى. ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى پەيتىدە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشۈشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كەڭ ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى ۋە مائارىپ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلى مەقسەت ـ بۇرچىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كەڭ ئوقۇتقۇچىلاردىن كۈتكەن سەممىي ئۈمىدىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئەخلاق ئارقىلىق تەربىيە بېرىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، تېخىمۇ كۆپ سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە چىن كۆڭۈلدىن كۆيۈنۈپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

لى پېڭشىن سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ پايدىسىدىن بولغان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىنىڭ خالىس ياردىمىنىڭ پايدىسىدىن بولغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتەك بوشاشماي تىرىشقانلىقىنىڭ پايدىسىدىن بولغان، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ قان ـ تەرى مۇجەسسەملەنگەن. كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، غايە ـ ئېتىقادىنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشنى؛ ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، لاياقەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت دەۋر ئېغىر ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشنى؛ باشتىن ـ ئاخىر دىققەتنى باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بازىسىنى قەتئىي ياخشى ساقلاشنى؛ باشتىن ـ ئاخىر تىرىشىپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاكتىپلىق ئۆگىنىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىش، بىر ئۆمۈر ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، كەسپىي بىلىم ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاشنى؛ مەنىۋى يۇرت ـ ماكاننى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ ساقلاپ، ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەم تەربىيەلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، سۆزى بىلەن ئۈلگە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، تىرىشىپ ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلار ئىستىلىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، باشقىلارغا ئۇستاز، ھەرىكەتتە ئۈلگە بولۇپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىندا، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى 24 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 115 نەپەر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، 38 نەپەر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى.

ئىلغار كوللېكتىپلار ۋەكىلى، پوسكام ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى گاۋ شەن، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى، ئىلى تېخنىك تەربىيەلەش شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سۇڭ جېڭۋېي، مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىلىرى ۋەكىلى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات ئىلمى شۆيۈەنىنىڭ يېتەكچىسى ئەكبەر رەجەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يىغىندا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مانەن زەينەل، رېن خۇا، كۇڭ شىڭلۇڭ، ئىلھام سابىر قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

# شىنجاڭنىڭ سۇ ھوقۇقى، سۇ باھاسى ئىسلاھاتىدا سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ يېڭى ئەندىزىسى يولغا قويۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك، قۇرۇلما خاراكتېرلىك سۇ كەمچىل بولۇش مەسىلىسى گەۋدىلىك، ئەمما خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە، سۇ باھاسى سۇ بايلىقىنىڭ قىسلىق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈش؛ سۇ ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش، نورمىلىق باشقۇرۇش؛ ئاشكارا، ئادىل، ھەققانىي بولۇش؛ پائال، پۇختا بولۇش، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت بەش چوڭ پرىنسىپ بويىچە، سۇ ھوقۇقى، سۇ باھاسى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، سۇنى «قىممىتى بار بولۇش»تىن «بازار قىممىتى بار بولۇش»قا ئۆزگەرتتى.

يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ شىنجاڭنىڭ سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 95%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، سۇ ھوقۇقى، سۇ باھاسى ئىسلاھاتىدىكى «ئاساسىي جەڭ مەيدانى»غا ئايلاندى. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىدىكى ۋەكىللىك رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى 2015 ـ يىلدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ ئىشلىتىشتىكى دەسلەپكى سۇ ھوقۇقىنى تەقسىملەپ تىزىملىدى. ھازىر پۈتۈن ئوبلاستتا 143 مىڭ 100 پارچە دەسلەپكى سۇ ھوقۇقى كىنىشكىسى تارقىتىلغان بولۇپ، تارقىتىلىش نىسبىتى 100%كە يەتتى، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئومۇمىي سۇ مىقدارى 1 مىليارد 618 مىليون كۇب مېترغا يەتتى.

دەسلەپكى سۇ ھوقۇقى ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش، نورمىلىق باشقۇرۇش ئاساسىدا، سانجى ئوبلاستى سۇ ھوقۇقى سودا سۇپىسىدىن 38نى قۇردى ھەم دەسلەپكى سۇ ھوقۇقى تېجەپ قېلىنغان سۇ سودىسىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. نۆۋەتتە سانجى ئوبلاستىدا دېھقانلار ئائىلىسى بىلەن دېھقانلار ئائىلىسى، كەنتلەر بىلەن كەنتلەر، سۇغىرىش رايونلىرى بىلەن سۇغىرىش رايونلىرى ئارىسىدا سودىلىشىش دائىملىققا ئايلاندى.

سانجى شەھىرى ئەرلىۇگۇڭ بازىرى گۇاڭمىڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جۇڭ لەنجى 80 مو يەرگە ئۈزۈم تېلى تىككەن. «ئىلگىرى ھەر مو يەرنى باسۇرۇپ سۇغىرىشقا 400 كۇب مېتىردىن ئارتۇق سۇ كېتەتتى، مەن نورمىلىق سۇنىڭ يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتىم.» جۇڭ لەنجى مۇنداق دېدى: «كېيىن تېمىتىپ سۇغىرىش ئەسلىھەسى ئورنىتىپ، ھەر مو يەرگە 300 كۇب مېتىر سۇ كېتىدىغان بولدى، ئىشلىتىپ بولالمىغان سۇنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىدىغان بولدۇم، تېجەلگەن سۇ قىممەت سېتىلدۇ، نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن سۇنىمۇ قىممەت سېتىۋالىمىز، شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئامالىنىڭ بارىچە سۇ تېجەيدىغان بولدى».

2018 ـ يىلى، سانجى ئوبلاستى ھەر دەرىجىلىك سۇ ھوقۇقى سودا سۇپىلىرى ئارقىلىق سۇ باھاسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن ئون ھەسسىسىگىچە بولغان قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئىجرا قىلىپ، دېھقانلار دەسلەپكى سۇ ھوقۇقى نورمىسى ئىچىدە تېجەپ قالغان سۇنى سودىلاشتى، جەمئىي سودىلاشقان سۇ مىقدارى 29 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر، سوممىسى 33 مىليون 972 مىڭ يۈەن بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايونىمىز سۇ ھوقۇقى، سۇ باھاسى ئىسلاھاتىدا تېرمىنال سۇ باھاسى تۈزۈمىنى ئورناتتى ھەم كىچىك تىپتىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاخىرقى ئۆستەڭ سىستېمىسىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى بېكىتىشنى دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا بېرىپ، دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تۇتقا قىلىپ، ئاخىرقى ئۆستەڭ سىستېمىسىنى ئاسراش ھەققى ئالدى. يېقىنقى بەش يىلدا، سانجى ئوبلاستىدىكى دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى 60 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئاخىرقى ئۆستەڭ سىستېمىسىنى ئاسراش ھەققى ئېلىپ، ئاخىرقى ئۆستەڭدىن 869 كىلومېتىر، كۆۋرۈك، سوڭگۇچ، توما قاتارلىقلاردىن 2850نى رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتتى، 5236 كىلومېتىر ئۆستەڭ يولىنى تازىلىدى.

«ئىلگىرى ئېتىزلىقلاردا ئېرىق ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىدىغان ئادەم بار، باشقۇرىدىغان ئادەم يوق ئىدى،» گۇاڭمىڭ كەنتى دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كوپېراتىپ باشلىقى ما چۈنشيەن مۇنداق دېدى: «ھازىر ئاخىرقى ئۆستەڭ سىستېمىسىنىمۇ باشقۇرىدىغانلار، ئاسرايدىغانلار بار بولدى، ‹ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر› مەسىلىسى ھەل بولدى».

# كۈرەش قىلىش! نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئەڭ گۈزەل قىياپەت

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىلگىرى ياڭاق ئۆستۈرۈشكىلا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتۇق، بۈگۈنكى كۈندە ئىلغار باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى ئىلمىي ياڭاق ئۆستۈرۈشكە يېتەكلىدۇق، يەنە ياڭاق ئۆستۈرگۈچى ئائىلىلەرنىڭ سېتىش يوللىرىنى تېپىشىغا ياردەملىشىپ، ياڭاقنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردۇق.» كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر ئەلجان ئىسھاق مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە كەنتتىكى ياڭاقلارنى كەنتتىن چىقىرىپلا قالماي، يەنە سوۋغاتلىق قۇتىغا ئوراپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولدا توشۇپ، ياخشى باھادا ساتتۇق.

مۇشۇنىڭ پايدىسىدىن، ئەزىرۇللا جاپپارنىڭ ياڭاق سودىسى قىلغانسېرى قىزىپ كەتتى، تىجارەت كۆلىمىمۇ قول مەشغۇلاتى قىلىدىغان دۇكاندىن ھەمكارلىق كوپېراتىپى پىششىقلاش زاۋۇتىغا تەرەققىي قىلدى.

بۇ يىل 1 ـ ئايدا، ئەزىرۇللا جاپپار بەش دېھقان ئائىلىسى بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق مەبلەغ چىقىرىپ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، كەنتتىكى بېيىش باشلامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ يەنە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئۈچ نامرات ئاھالىنى مەبلەغ شەكلىدە پاي قوشۇشقا يېتەكلىدى، نۆۋەتتە ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئەتراپتىكى 45 نامرات ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولدى.

«ئىلگىرى ياڭاق ئۆستۈرۈپ ئائىلىمىزنى باقاتتۇق، ھازىر پۇل تاپتۇق، ۋۇجۇدىمىز غەيرەتكە تولدى، تۇرمۇشىمىزمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ گۈزەللەشتى» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەزىرۇللا جاپپارغا ئوخشاش كۈرەش قىلىۋاتقان، ئوخشاشلا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان دېھقانلار بارغانسېرى كۆپىيىمەكتە.

**■ نامراتلارنى يۆلەشتە ئالدى بىلەن ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، نامراتلارنى يۆلەشتە چوقۇم ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش**

گۈلخان خۇداۋەدى بۇلتۇر نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. تۇرمۇشىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ چېھرىدىن دائىم خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

گۈلخان خۇداۋەدى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسى ئىگىز يەر يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ يەر تىپىك تاغ باغرىدىكى نامرات رايون. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس بولغاچقا تېرىلغۇ يەرلىرى پارچە ـ پۇرات ئىدى، ئېقىن سۇنى ساقلىغىلى بولمايتتى، تۇپراق قاتلىمى نېپىز بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز ئىدى... بىر قاتار قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن، بۇ يەردە ياشايدىغان دېھقان ـ چارۋىچىلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغانىدى.

بىر يىل بۇرۇن، ھۆكۈمەتنىڭ يۆلىشىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىلگىرى تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئوتىغۇچ ۋە پادا قامچىسىنى تاشلىدى. گۈلخان خۇداۋەدى كەنتنىڭ مەركىزىدە دۇكان ئاچتى، چوڭ ئوغلى دۇكان ئالدىدا مەززىلىك تائام يايمىسى قويۇپ كاۋاپ ساتتى، كىچىك ئوغلىمۇ ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 50 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

«نامراتلىق نومۇس ئەمەس، نامراتلىقتىن قانائەتلىنىش نومۇس، كەلگۈسىدىكى بەختلىك تۇرمۇشنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تايانغاندىلا يارىتقىلى بولىدۇ.» گەپنىمۇ، ئىشنىمۇ كەسكىن قىلىدىغان گۈلخان خۇداۋەدى مۇخبىرلارغا قايتا ـ قايتا شۇنداق دېدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات نوپۇسنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش تېخنىكا ماھارىتى تۆۋەنرەك، بېيىش يولى تار بولۇپ، ئادەتتە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى تەس ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭ بىر يۈرۈش ھەقسىز كەسپىي تېخنىكا ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، قىيىنچىلىقى بار توپنىڭ كۆپ يول ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى.

**■ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پەقەت بىرىنچى قەدەم، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش تېخى ئالدىمىزدا**

مۇشۇ يىللاردا، شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچى زىچ كەسىپلىرىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇردى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كەسىپكە باغلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، ئۈنۈمى، ئىستىقبالى ياخشى نۇرغۇن كارخانا جەنۇبىي شىنجاڭغا ماكانلاشتى. تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سانائەت ئىشچىلىرىغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەچكە، ئۇلار تەبىئەتكە تايىنىپ كۈن كەچۈرمەيدىغان بولدى.

28 ياشلىق مەتتوختى ھېكىم بۇ يىل ئالاھىدە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. نەچچە ئاي ئىلگىرى، تىككۈچىلىك ھۈنىرى بار بولغان مەتتوختى ھېكىم بىر توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىغا تەكلىپ قىلىندى، ئېچكىرى رايونلاردىكى كەسپىي تېخنىك ئۇستىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىكى تېخنىكقا ئايلىنىپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يەنە شاگىرت يېتەكلەشكە باشلىدى.

مەتتوختى ھېكىمنىڭ ئۆيى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسى شەنبە بازار بازىرى باش سايباغ كەنتىدە بولۇپ، ئۇ جايدا ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇشۇنداق پىشقان سانائەت ئىشچىلىرىنى ئىلگىرى كۆپ ئۇچرىتاقىلى بولمايتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، مەتتوختى ھېكىم ھەر ئايدا 3000 يۈەندىن كۆپرەك مۇقىم كىرىم قىلىدۇ، يېقىندا خوتۇنىمۇ زاۋۇتقا كىرىپ پراكتىكا قىلدى، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە بېيىش يولىغا ماڭدى.

كەسىپ تىرىك بولغاچقا، نامرات ئاھالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، يەنە كەسىپنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن مەتتوختى ھېكىمدەك تېخىمۇ كۆپ پىشقان سانائەت ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام ناھىيەسى تۇغچىن يېزىسىدىكى ئائىلە ئايالى بىبىجان دەرۋىش ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بىر توقۇمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ھاياتىدىكى تۇنجى ئىش ھەققىنى تاپتى. «ئىلگىرى بالا بېقىپ، تاماق ئېتىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتىم، ھەممىلا ئىشتا ئېرىمگە تايىناتتىم. ھازىر پۇل تاپتىم، شۇنداقلا ئائىلىدىكى ‹يېرىم دۇنيا›لىق رولۇمنى ئۆتەيدىغان بولدۇم» دېدى بىبىجان دەرۋىش.

يېقىنقى بەش يىلدا، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىدە جەمئىي ئورۇندالغان مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 170 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، 2200دىن ئارتۇق توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى يېڭىدىن كۆپەيدى، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار جەمئىي 450 مىڭدىن ئاشتى.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پەقەت بىرىنچى قەدەم، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش تېخى ئالدىمىزدا.» مەتتوختى ھېكىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئېچكىرى رايونلاردىكى تېخنىك ئۇستىلاردىن بەزى تەجرىبىلەرنى كۆپرەك ئۆگىنىپ، تېخىمۇ يۇقىرى تېخنىكا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئېلىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ.

كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىدە نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پىكرىنى قايتما ئىنكاس قىلىش يىغىنى ئاچتى. نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى بىن نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە پىكرىنى قايتما ئىنكاس قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن ئاپتونوم رايوننىڭ 2018 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاش بويىچە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى.

لى بىن مۇنداق كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشتا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپتۇ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپتۇ؛ نىشان، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىۋېتىپتۇ، نامرات ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپتۇ؛ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، نەقلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپتۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئېرىشىپتۇ؛ دىققەتنى شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمەت كەيپىياتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا كۆزلىمە نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىپتۇ.

لى بىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كېيىنكى قەدەمدە، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش؛ مەسىلىنى تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، دىققەتنى مەسىلىنى تۈزىتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىش؛ دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ دەل جايىدا كۈچەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىيىن ئۆتكەللەرنىڭ ئەڭ قىيىننى يېڭىش؛ دىققەتنى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نازارەتچىلىك ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلە ۋە پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ، قەتئىي تۈزىتىپ، «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق زىممىگە ئېلىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي، كەسكىن، كەم ـ كوتىسىز ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىپىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇپ، بارلىق قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلىشىشىگە، ھەربىر ئىنكاس قايتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ تۈزىتىشنى تۇتۇپ، ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى پۇختا ياخشى تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ چىن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ تۈزىتىشنى تۇتۇپ، ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇش، دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى ئارقىلىق مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ، نەتىجىلەرنى يىراق كەلگۈسى جەھەتتە مۇستەھكەملەش كېرەك. نازارەتچىلىك ـ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانى ۋە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى نازارەتچىلىك ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.